# شۆھرەتپەرەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان

# يامان ئاقىۋەتلەر

﴿الشهرة وآثارها السيئة الخطيرة﴾

[uyghur-ئۇيغۇرچە-الأويغورية]

پەزىلەتلىك شەيخ سەئۇد ئىبنى ئىبراھىم شۇرەيم

تەرجىمە: قىلغۇچى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى : ن.تەمكىنى

2009 - 1430

islamhouse.com

# ﴿ الشهرة وآثارها السيئة الخطيرة﴾

«باللغة الأويغورية»

فضيلة الشيخ سعود بن إبراهيم الشريم

ترجمة: سراج الدين عزيزي

مراجعة: ن. تمكيني

2009 - 1430

islamhouse.com

# شۆھرەتپەرەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتلەر

2009-يىلى 04-ئاينىڭ 21-كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمانلارغا، "شۆھرەتپەرەسلىك ۋە ماختانچاقلىقتىن ساقلىنىش كېرەك" دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھدىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـمەخپى ھاللاردا تەقۋا قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـئاخىرەتتە بەخت ـسائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە ماختانچاقلىق بولۇپ، شۆھرەتنى ياخشى كۆرىدۇ. باشقىلارنىڭ ماختىشى، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە نامى چىقىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن ئىنسان ئولتۇرۇش ۋە يىغىلىشلاردا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قارىتا پەرۋاسىز قارىشىنى خالىمايدۇ. بۇ خىل ئادەت ئىنساندا بولىدىغان پىسخىك تەبىئىتى بولۇپ، قاتتىق ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ. لېكىن ئىشلارنىڭ ياخشىسى ئوتتۇرىھال بولغان ئىشتۇر دېگەن پىرىنسىپ بويىچە، ماختانچاقلىقتا ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە توغرا كېلىدۇ. بۇ پىرىنسىپ ئاساسىدا ئىسلام شەرىئىتى بارلىق ياخشى ئىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ، يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. ئىسلامدا ھالالمۇ ئوچۇق ھاراممۇ ئوچۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرىدا بەزى شۈبھىلىك ئىشلار بار. كىمكى شۈبھىلەردىن ساقلانسا ھارامدىن ساقلىنىدۇ. شۈبھىلىك ئىشلاردىن ساقلانمىغان ئادەم ھارامغا چۈشۈپ قالىدۇ.

شەرىئەت چەكلىگەن ۋە ئاگاھلاندۇرغان ئىشلاردىن بىرى شۆھرەتپەرەسلىكتۇر. شۆھرەتپەرەسلىك روھىي كېسەللىك بولۇپ، ئىنساننى گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدىغان خەتەرلىك يولدۇر. بۇ يول خۇددى ئىنساننىڭ كۆزىگە يىراقتىن سۇغا ئوخشاش كۆرىنىدىغان سەراب(ئېزىتقۇ)دىن ئىبارەتتۇر. شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ ئىنساننى قاراملىققا ئېلىپ بارىدۇ ئاقىۋەتتە خەتەرلىك پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. شۆھرەتپەرەسلىك يولىغا ماڭغان ئادەم جامائەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئېزىپ كېتىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئىشلارنى خاتا مۆلچەرلەيدۇ. باشقىلارنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۆزىنىڭ شۆھرىتىگە زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن قوبۇل قىلىشقا رىغبىتى بولمايدۇ. شۆھرەتپەرەس ئىنسان ھاۋايى ھەۋەسنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدۇ. فىتنە پەيدا قىلىدۇ. شۆھرەتپەرەسلىك بىر ئېغىر ساقايماس كېسەل بولۇپ، ئىنساندا مەنمەنلىك، ئۆزىنىڭلا گېپىنى راس قىلىش، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك،باشقىلار ئۇنىڭ ئەيىبىنى كۆرسىتىپ قويسا قوبۇل قىلماستىن ئاداۋەت قىلىشتەك خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ. ھەرقانداق كىشى شۆھرەتپەرەسلىك يولىنى تاللايدىكەن باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولىدۇ، ئىجتىمائىي ئالاقىدا ياخشى تەسىر قالدۇرالمايدۇ. شۆھرەتپەرەس داۋاملىق قورقۇنچ، تەشۋىش ئىچىدە ياشايدۇ. شۆھرەتپەرەس بىر ئۆمۈر شۆھرەت ئىزدەپ ئاۋارە بولسىمۇ شۆھرەتكە ئېرىشەلمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ ۋە ھاياتتا كۆزلىگەن غايىسىگە يېتەلمەيدۇ.

شۆھرەتپەرەس ئادەم مەنسەپكە ئامراق بولىدۇ. ھەقنى قوبۇل قىلمايدۇ، جامائەتچىلىكتىن يىراق بولىدۇ. ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن ئۆزىنى

تارتمايدۇ. شۆھرەت ئۇچۇن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يالتايمايدۇ. شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋەتلىرى شۇكى، ئۆزىلا زىيان تارتماستىن باشقىلارنىمۇ زىيانغا سالىدۇ. بىلىپ بىلمەي خەتەرلىك ئىشلارغا سىپىلىپ قالىدۇ. شۆھرەپەرەس داۋاملىق چىدىماس ھەسەتخور كېلىدۇ. مەغرۇرلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن: "شۆھرەتپەرەسلىك ئۇچۇن ھەقنى سۆزلىگەن كىشى رىياگەردۇر، يۇشۇرۇن شېرىك كەلتۈرگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق شۆھرەتپەرەسلىكتىن ئاگاھلاندۇرغاندۇر".

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام: "خارلىققا ئېلىپ بارىدىغان بېخىللىقنى، ئادەمنى قۇل قىلىدىغان ھاۋايى ھەۋەسنىڭ ئارقىسىغا كىرىشنى، ئۆز پىكرىدىن مەغرۇرلىنىپ مېنىڭلا توغرا دەيدىغان كىشىنى كۆرسەڭ سەن ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال، ئاۋام خەلق توپىدىن يىراق بول" دېگەن. شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ ۋاستىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىنسان ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، پۈتۈن ئاخبارات ۋاستىلىرىدە شۆھرەتكە ئېرىشەلەيدۇ. سەلەپ ئۆلىمالىرى بۇنداق شۆھرەتپەرەسلىكتىن يىراق بولۇشنى تەۋسىيە قىلغان يەردە ھازىرقى زامان شۆھرەتپەرەسلىكى نەچچە ھەسسە خەتەرلىكتۇر. شۆھرەت ئىگىسى ھازىرقى زاماندا مىليونلىغان ئىنسانلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.. شۆھرەتپەرەسلىك مۇئەييەن بىر تەبىقىگە چەكلىك ئەمەس. رەئىس، ئالىم، ۋەزىر، باي، مۇتەپەككۇر، يازغۇچى، ئارتىس-چولپانلار، مۇخبىر-ژۇرنالىستلار، دىنى تەشۋىقاتچىلار شۆھرەتكە ئېرىشىدۇ. لېكىن بۇ شۆھرەت قانلارنىڭ ئېقىشى، زۇلۇم، تەڭسىزلىك بەدىلىگە كېلىدۇ. بايلار جازانىخورلۇق قىلىش ئارقىلىق مەشھۇر بولىدۇ.

ئالىملار ۋە دىنى زىيالىلار ھەقىقەتنى يوشۇرۇش ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق بەدىلىگە مەشھۇر بولالايدۇ. ژۇرنالىست-مۇخبىرلار يالغان خەۋەرلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق مەشھۇر بولىدۇ. ئارتىسلار ئەھمىيەتلىك، تەربىۋىيىلىك ئەھمىيىتى بار ۋە مىللەتنى مۇھىم ئىشلارغا يېتەكلەش ئەمەس بەلكى بىخۇدلاشتۇرۇش پروگراممىلىرى ئارقىلىق مەشھۇر بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئىنسانلارنى بۇنداق شۆھرەتپەرەسلىكلەردىن يىراق بولۇشقا تەۋسىيە قىلغان.

ئاللاھ بارچىمىزنى شۆھرەتپەرەسلىك، رىياگەرلىك كېسىلىدىن ساقلىسۇن. ئامىن!.